مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى كۆزلەيدىغان ياخشى ساقچىخانا باشلىقى» جاۋ جېنجېن



جاۋ جېنجېننىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دالىيەن تېلېگراممىسى (مۇخبىر گو شياڭ)** مەردانە سۆزلەر يوق، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۇلۇغ ئىشمۇ يوق، پەقەت ئاددىي خىزمەت ئورنىدا شەخسىيەتسىز ھالدا كەسىپنى ھۆرمەت قىلىپ، تۆھپە قوشۇشلا بار. 2006 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەتىگەندىلا، دالىيەندىكى نەچچە مىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى ۋە شۇ جايدىكى پۇقرالار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، نەچچە كۈن ئىلگىرى خىزمەت ئورنىدا قۇربان بولغان جاۋ جېنجېننى ئۇزاتتى.

جاۋ جېنجېن، 1971 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1974 - يىلى قىسمدىن ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن، 1979 - يىلى ساقچى بولغان، 1986 - يىلدىن 2006 - يىلى 6 - ئايغىچە، دالىيەن تەرەققىيات رايونى شىنگاڭ ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقلىق خىزمەت ئورنىدا بىر ئىشلىگەنچە 20 يىل ئىشلىگەن. 2006 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، دالىيەن شەھرى جىنجوۋ تەرەققىيات رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خۇاڭخەي يولى ساقچىخانىسىنىڭ جاۋداۋيۈەنى بولۇپ ئىشلەۋاتقان جاۋ جېنجېن خىزمەت ئورنىدا زىيادە چارچاپ كېتىش سەۋەبىدىن خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، شۇ يىلى 55 ياشتا ئىدى.

تۇغقانلىرى، سەپداشلىرى ۋە ئاممىنىڭ نەزىرىدە، جاۋ جېنجېن مەڭگۈ ساقچى فورمىسى كىيىپ يۈرەتتى. كۆپچىلىك جاۋ جېنجېننىڭ ئىشخانىسىدا قېپقالغان تەۋەررۈكلىرىنى رەتلىگەندە، ئۇ يازغان مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى كۆرگەن: «ھەرقانداق ۋاقىتتا مەن ئەزەلدىن بۇ ساقچى فورمىسىنى ئۇچامدىن سېلىپ باقمىدىم، چۈنكى بۇ ساقچى فورمىسى مېنىڭ خەلق ساقچىسىلىق ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىمنىڭ بەلگىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە مېنىڭ ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشىمنىڭ روشەن بەلگىسى».

ساقچى فورمىسىنى كىيگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، جاۋ جېنجېن جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى قىلغان. ئۇ ساقچىخانا باشلىقى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى، شۇ جايدىكى بىر قارا نىيەت قولىغا پالتا ئېلىپ كوچىدا ئادەم توپلاپ جېدەل چىقارغان، جاۋ جېنجېن پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كەلگەن قارا نىيەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى بويسۇندۇرغان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتى جىنايەتچىلەرنى چۆچۈتۈپلا قالماي، يەنە ئاممىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەشكە بولغان قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا، ساقچىخانا 50 نەچچە ئادەمنى قانۇن بويىچە جازالىغان.

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جاۋ جېنجېن دائىم «مەن پۇقرالار ئۈچۈن ساقچىخانا باشلىقى بولىمەن» «خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم» دېگەن ئىككى جۈملە سۆزنى دەيتتى. ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا، جاۋ جېنجېن ھەمىشە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلاتتى. جاۋ جېنجېن ئەينى چاغدىكى ساقچىخانا تەۋەسىدىكى ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار، مېيىپلەر، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتكەن. ساقچىخانا تىزىملاپ دەپتەرگە چۈشۈرگەندە، خەلق ساقچىلىرى ئىش تەقسىملەپ مەسئۇل بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلغان، بايرام كۈنلىرى ياغ، گۈرۈچ، ئۇن ئاپىرىپ بەرگەن.

ئاممىنىڭ ئىشىنى ئۆز ئىشى دەپ بىلگەن. جاۋ جېنجېن پۇقرالار ئۈچۈن ياخشى ساقچىخانا باشلىقى بولۇش توغرىسىدا: پۇقرالار ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش؛ پۇقرالارنى ئاتا - ئانىسىدەك كۆرۈش؛ پاك - دۇرۇس بولغان «ئەخمەق» ساقچىخانا باشلىقى بولۇش؛ پۇقرالار ئۈچۈن ساقچىخانا باشلىقى بولۇشتا سىياسىي جەھەتتىن ساقچى قوشۇنى قۇرۇپ چىقىپ، ساقچىخانىنى بىر «جەڭگىۋار قورغان» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك تەسراتنى يېزىپ چىققان. جاۋ جېنجېن شۇنداق دېگەن ھەم شۇنداق قىلغان. ئۇ 3000دىن ئارتۇق دېلو بېجىرگەن، چوڭ - كىچىك رەھبەرلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە سەپداشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتا «ئارىغا ئادەم قويماقچى بولغانلار توختاڭ» دېگەن پرىنسىپنى ساقلىغان؛ نەچچە يۈز قېتىملىق سوۋغات، پارىنى رەت قىلغان، خىزمەت مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ تۇغقانلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى رەت قىلغان …

جاۋ جېنجېن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاممىنى كۆزلىگەن، ئامما ئۇنى تۇغقىنى دەپ بىلگەن. پۇقرالار جاۋ جېنجېن ۋە ساقچىخانىغا 150تىن ئارتۇق لەۋھە تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ ساقچى ئاپتوموبىلى يامغۇر ياغقان كۈنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىقىپ پاتقاققا پېتىپ قالغاندا، پۇقرالار ئاپتوموبىلنى پاتقاقتىن كۆتۈرۈپ چىقارغان. جاۋ جېنجېن تەسىرلەنگەن ھالدا: «پەقەت پۇقرالارنى كۆڭلىڭىزگە پۈكسىڭىزلا، پۇقرالار ئاندىن سىزنى ھىمايە قىلىدۇ» دېگەن.

جاۋ جېنجېن ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ساقچىخانا قوشۇنىنى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن. ئۇ 1986 - يىلى «ساقچىخانا قوشۇنىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مىزانى»نىڭ 50 ماددىسىنى تۈزگەن، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلق ساقچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ساقچى ئوبرازىنى يارىتىش بولغان. 1990 - يىلى، ئۇ بۇ مىزاننى 100 ماددىغا قىلىپ كۆپەيتىپ تولۇقلاپ، 1996 - يىلىغا كەلگەندە يەنە 210 ماددىغا قىلىپ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن 17 بەتلىك «ساقچىخانا قوشۇنىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مىزانى»دا، خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئۆز ئوبرازىنى يارىتىش، ساقچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇش ۋە ساقچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتا ئىنتايىن تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

شەرەپ بىلەن ئۈچ قېتىم شەخسىي 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۈچ قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن؛ شەرەپ بىلەن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى نامىغا ئېرىشكەن؛ شەرەپ بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى خەلق رازى بولغان خەلق ساقچىسى نامىغا ئېرىشكەن… جاۋ جېنجېن ساقچى فورمىسى كىيىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇ يەنە ساقچى فورمىسى كىيىشكە تېخى قېنىپ بولالماي بالدۇرلا كېتىپ قالدى، لېكىن ئۇ ھاياتى بەدىلىگە «مەن ئۆزۈم سۆيىدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىمەن» دېگەن قەسىمىنى شەرھلىدى.

# رۇي جىجياڭ: ئۆزى يالغۇز تۆت بۇلاڭچى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، بەدىنىگە 21 پىچاق تىقىلىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭچۈن تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ لىچۈەن)** بۇ يىل رۇي جىجياڭنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 15 - يىلى. ھايات ۋاقتىدا جىلىن ئۆلكىسى بەيچېڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقى بولغان ئۇ ئۆزى يالغۇز تۆت بۇلاڭچى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، بەدىنىگە 21 پىچاق تىقىلىپ خىزمەت ئۈستىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتە، ئامما دېلو مەلۇم قىلىپ، بەيچېڭ شەھرى تاۋبېي رايونى لىنخەي بازىرى لۇڭگۈەن كەنتى 5 - كوپىراتىپىنىڭ شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يول بويىدىكى بىر تاشلاندۇق قۇدۇق ئازگىلىدىن بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتقان. بەيچېڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتى نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھەقىقەتەن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بېكىتكەن. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆلگۈچىنىڭ ۋاڭ X ، ئەر، 41 ياش بولۇپ، تاكسى شوپۇرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت 16دە ئىسمىنىغا چىقىپ تىجارەتكە كىرىشكەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئادەم ھەيدىگەن قىزىل رەڭلىك «شيالى» ماركىلىق تاكسى ھەمدە يېنىدىكى يان تېلېفونى ۋە پۇلى بۇلاپ كېتىلگەن.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كەچتە، بەيچېڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقى رۇي جىجياڭ سەپداشلىرىغا رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش خىزمىتىنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرما قىلغاندىن كېيىن، جىنايى ئىشلار تارماق ئەترىتىدىن ناھايىتى كەچ ئايرىلغان. ئۇ ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئۆيىگە كېتىۋاتقان يولدا، نومۇر تاختىسى يوق قىزىل رەڭلىك «شيالى» ماركىلىق تاكسىنىڭ ئالدىدا ئاستا كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ بۇ ئاپتوموبىلنىڭ بۇلانغان تاكسىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئىزىغا چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 110 ساقچىغا مەلۇم قىلىش مۇلازىمەت سۇپىسىغا دوكلات قىلغان ھەم ياردەم تەلەپ قىلغان.

دەرۋەقە رۇي جىجياڭنىڭ ئويلىغىنىدەك، «شيالى» ماركىلىق ئاپتوموبىلدا تۆت قارا نىيەت ئولتۇرغانىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئىز قوغلاپ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلنى بايقاپ قالغان. «شيالى» ماركىلىق ئاپتوموبىل بەيچېڭ تۆمۈريول 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى ئەتراپىدىكى خىلۋەت جايغا كەلگەندە جىددىي تورمۇزلانغان، رۇي جىجياڭ ئاپتوموبىلدىكى تۆت قارا نىيەتنىڭ قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، ئۇ دەرھال ماينى كۆچەپ دەسسەپ، ساقچى ئاپتوموبىلنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ «شيالى» ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ ئالدىنى توسقان، ئۇ قېچىپ كەتمەكچى بولغان قارا نىيەتلەر بىلەن تەڭلا ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشكەن. سەككىز سائەتنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىت بولغاچقا، رۇي جىجياڭنىڭ يېنىدا قورال يوق ئىدى. قارا نىيەتلەر ئالدىدا، ئۇ قىلچە چېكىنمەي، ئۆز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، قولىدا خەنجەر تۇتقان قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان، ئاخىردا ئۆزى يالغۇز بولغاچقا قارا نىيەتلەرگە تەڭ كېلەلمەي، ياۋۇز قارا نىيەتلەر تەرىپىدىن بەدىنىنىڭ 21 يېرىگە پىچاق تىقىلغان… 110 خەلق ساقچىلىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، رۇي جىجياڭ ھەيدىگەن ساقچى ئاپتوموبىلى ۋە بۇلانغان «شيالى» ئاپتوموبىلىغا قارا نىيەتلەرنىڭ ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى، رۇي جىجياڭنىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى بايقىغان.

رۇي جىجياڭ 1970 - يىلى 2 - ئايدا جىلىن ئۆلكىسىنىڭ جېنلەي ناھىيەسىدىكى بىر چەت، يىراق يېزىدا تۇغۇلغان، 1994 - يىلى 7 - ئايدا جىلىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، شۇ يىلى 9 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ رازۋېدكىچى، ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى، جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 2003 - يىلى 5 - ئايدا بەيچېڭ شەھەرلىك جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن، ھايات ۋاقتىدا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان.

رۇي جىجياڭنىڭ خوتۇنىنىڭ نەزىرىدە، ئېرى خىزمەتنى مەڭگۈ بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى. رۇي جىجياڭ ھايات ۋاقتىدا دائىم ئوغلىغا ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بوشاشماي تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ئۇ باشقا نەرسە تەلەپ قىلماي، پىنسىيەگە چىققاندا پۇقرالارنىڭ ئۇنى ياخشى ساقچى دېيىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ يەنە دائىم: «بىر ساقچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كەسپىي خاراكتېرىم بەلگىلىگەچكە، خەتەرلىك پەيتتە پەقەت: ئاتاكىغا ئۆتۈش! دېگەن سۆز ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۆزۈمنىڭ ئامانلىقى - بىخەتەرلىكى ۋە ھاياتىم كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەيتتى.

رۇي جىجياڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، بەيچېڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دەرھال رازۋېدكا قىلىشنى قانات يايدۇردى. 2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئاپتوموبىل بۇلىغان تۆت جىنايەت گۇماندارىنى بېكىتتى ھەم ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا چۈشۈردى. ئارقىدىن، بەيچېڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى رۇي جىجياڭنى ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى ئوچۇق سوت قىلدى ھەم سوتتا ھۆكۈم چىقىرىپ، تۆت ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بەردى، بىر قاتار قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق، تۆت جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى.

2005 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، رۇي جىجياڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

# لۇ ۋېيچاۋ: ھاياتى ئارقىلىق بىر تەرەپنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەننىڭ تېلېگراممىسى (مۇخبىر خۇاڭ چىڭگاڭ)** «دادا، مەن كەچرەك قايتىپ كەلدىم، ئەتە ئەتىگەن سائەت 8دە يەنە ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو بېجىرىمەن، مېنى ئويغىتىپ قويغىن…» 14 يىل ئۆتۈپ كەتتى، لۇ ۋېيچاۋنىڭ ئۆيىدىكى كىچىك قارا دوسكىدا ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قالدۇرغان سۆزى يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى.

لۇ ۋېيچاۋ گۇاڭشى ۋۇجوۋ شەھرىدە تۇغۇلغان، 2001 - يىلى 7 - ئايدا گۇاڭشى خەلق ساقچى مەكتىپى (ھازىرقى گۇاڭشى ساقچى شۆيۈەنى)نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گۇاڭشى ۋۇجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نەندى ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم تەقدىرلەنگەن.

«ۋېيچاۋ جاپادىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايتتى، خىزمەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭدا ھەمىشە تۈگىمەس كۈچ بارىدەك ھېس قىلاتتىم، ئۇ دائىم ئالدىنقى كۈنى كەچتىكى كېچىلىك نۆۋەتچىلىكنى تۈگىتىپلا، ئىككىنچى كۈنى يەنە ئۈزلۈكسىز ساقچىخانىدا قېلىپ نۆۋەتچىلىك قىلاتتى، بەزىدە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ ئۇيقۇسى كېلىپ كەتسە، نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىدا بىر دەم كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئويغانغان ھامان دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ كېتەتتى» دېدى خىزمەتدىشى لۇ جەنخۇي ئەسلەپ.

2002 - يىلى 9 - ئايدا، لۇ ۋېيچاۋ ئىككى خىزمەتدىشى بىلەن تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ زەھەر چەككەن ۋە ئوغرىلىق قىلغان جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇش ئۈچۈن بارغان. تۇتۇش جەريانىدا، جىنايەت گۇماندارى خەنجەر كۆتۈرۈپ لۇ ۋېيچاۋنىڭ سول ئالقىنىنى چېپىپ يارىلاندۇرغان، لۇ ۋېيچاۋ يەنىلا ئۆز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، خىزمەتدىشى بىلەن بىللە جىنايەت گۇماندارىنى بويسۇندۇرغان. ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ يارىسىنى تاڭدۇرغاندىن كېيىن، پەقەت بىر يېرىم كۈن دەم ئېلىپلا، ساقچىخانىغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلغان.

2005 - يىلى 6 - ئايدىكى بىر سەھەردە، لۇ ۋېيچاۋ موتوسىكلىتقا مىنىپ بىر جىنايەت گۇماندارىنى قوغلاپ تۇتقان. يامغۇر يېغىپ يول تېيىلغاق بولغاچقا، موتوسىكلىت كونتروللۇقىنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشكەن، لۇ ۋېيچاۋنىڭ يوتىسىنىڭ ئارتېرىيە تومۇرىنى ئەينەك پارچىسى تىلىۋېتىپ، قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە شوك بولۇپ قالغان، جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق خەتەردىن قۇتۇلغان. يارىسى ئەمدىلا ياخشىلانغاندا، يەنە دەرھال خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلگەن.

2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سەھەردە، ئەمدىلا چارلاشنى تۈگىتىپ دەم ئالماقچى بولغان لۇ ۋېيچاۋ دېلو يىپ ئۇچىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئېغىر زەخىملەندۈرۈش دېلوسىغا چېتىشلىق بولغان قاچقۇن جىنايەت گۇماندارى گاۋ Xنىڭ دېرىكىنى بايقىغان، بۇ دېلونى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل لۇ ۋېيچاۋ دەرھال ساقچىخانا رەھبىرىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، تۇتۇش ھەرىكىتىنى باشلىغان.

سەھەر سائەت 3تە، جىنايەت گۇماندارى گاۋ X ۋۇجوۋ شەھرىدىكى بىر مېھمانسارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولغان، لۇ ۋېيچاۋ نىشاننى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئېتىلىپ بېرىپ گاۋ Xنى بىلەكلىرىدىن تۇتۇۋالغان ھەم ساقچى سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىغان. گاۋ X تەلۋىلەرچە بوشىنىپ قاچقان، لۇ ۋېيچاۋ جىددىي قوغلىغان ھەم گاۋ Xنى تۇتۇۋالغان، گاۋ X چاپىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان كالا مۈڭگۈزى دەستىلىك پىچاقنى لۇ ۋېيچاۋنىڭ كۆكرىكىگە تىققان. يارىلانغان لۇ ۋېيچاۋ يەنىلا داۋاملىق قوغلاپ، ئاخىردا يەرگە يىقىلغان. گاۋ X ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن. لۇ ۋېيچاۋ قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، ئەينى چاغدا ئۇ ئەمدىلا 26 ياشتا ئىدى.

لۇ ۋېيچاۋ خەۋپ - خەتەر ئالدىدا قىلچە چېكىنمەي، ئىسسىق قېنى بىلەن ساقچى روھىنى شەرھلەپ، قەسىمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن. 2006 - يىلى، لۇ ۋېيچاۋغا ۋۇجوۋ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ۋۇجوۋدىكى ياش قەھرىمان» «مەدەنىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۈلگىسى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەرگەن. شۇ يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەرگەن. 2015 - يىلى، ئىنقىلابىي قۇربان، دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

«ئۇ ئەزەلدىن خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقنى ماڭا ئېيتمايتتى، خۇشال بولغان ئىشلارنىلا سۆزلەپ بېرەتتى، مەن ئۇنىڭ بىزنىڭ ئەنسىرىشىمىزدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن دائىم ۋېيچاۋغا باشقا خىزمەت تېپىش دەپ نەسىھەت قىلاتتىم، لېكىن ئۇ خالىمايتتى، دائىم: ‹مەن ئۇچامدىكى ساقچى فورمىسىدىن كېچەلمەيمەن› دەيتتى. ئوغلۇم بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك پەخرىمىز» دېدى لۇ ۋېيچاۋنىڭ دادىسى لۇ جىنچۈەن.

# لى جيەنيىڭ: ھاياتى ئارقىلىق ساداقىتىنى ئىزاھلىدى



لى جيەنيىڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لەنجوۋ تېلېگراممىسى (خۇاڭ شۈبو، ساۋ جياڭ)** «ئىنقىلابىي قۇربان لى جيەنيىڭ باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ئامانلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان، ئايروپىلان قانىتى ئاستىدىكى مۇنبەت تۇپراقنى قوغداشنى ئۆمۈرلۈك ئەقىدىسى قىلغان» دېدى غەربىي قىسىم ئۇرۇش رايونى ھاۋا ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە قىسمى مەلۇم لۇسى يېقىندا تەشكىللىگەن مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىدە ئەمدىلا تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا قەبرە سۈپۈرۈشكە قاتناشقان يېڭى ئەسكەر دىڭ شىن خۇرسىنغان ھالدا.

لى جيەنيىڭ، 1982 - يىلى 6 - ئايدا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئەسلىدىكى 5 - ئاۋىياتسىيە مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن، 1986 - يىلى 3 - ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ شاڭشياۋ ھەربىي ئۇنۋانى ئالغان، 1 - دەرىجىلىك ئۇچقۇچى بولۇپ، ئۇچۇش ئومۇمىي ۋاقتى 2400 سائەتكە يېقىنلاشقان.

2006 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت 12دىن 4 مىنۇت 9 سېكۇنت ئۆتكەندە، ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ بولغان لى جيەنيىڭ ئايروپىلانىنى ھەيدەپ 194 مېتىر ئېگىزلىككە قايتىپ، ئايرودرومغا ئۇچۇش - قونۇش يولىغا 2900 مېتىر قالغاندا، تۇيۇقسىز بىر توپ پوچتا كەپتەرنىڭ سوقۇلۇشىغا ئۇچراپ، موتور بوشلۇقتا ئۆچۈپ قالغان. ئايروپىلاننىڭ ئاستىدا كەنتلەر زىچ، ئايروپىلانغا نەچچە يۈز لىتىر ئاۋىياتسىيە مېيى ۋە بومبا قاتارلىقلار قاچىلانغان بولغاچقا، ئايروپىلان مۇبادا كونتروللۇقنى يوقىتىپ چۈشۈپ كەتسە، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە غايەت زور زىيان يەتكۈزەتتى.

ھايات - ماماتلىق پەيتتە، پاراشۇت بىلەن سەكرەپ ھاياتىنى ساقلاپ قالسا بولىدىغان لى جيەنيىڭ قەتئىيلىك بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى ئىنتايىن كىچىك بولغان مەجبۇرىي قونۇشنى تاللاپ، قەيسەرلىك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى يوقاتقان ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ئۇچۇش - قونۇش يولىنىڭ ئۇزارتىلغان يولىغا قارىتىپ ھەيدىگەن. سائەت 12دىن 4 مىنۇت 25 سېكۇنت ئۆتكەندە، ئۇرۇش ئايروپىلانى يەرگە قونۇپ ئالدىغا 39.3 مېتىر ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپ، بەختكە قارشى يەر يۈزىدىن 3.5 مېتىر ئېگىز بولغان ئۆستەڭنىڭ مۇھاپىزەت يانتۇلۇقىغا سوقۇلغان، ئايروپىلان بۆلمىسى ۋە ئايروپىلاننىڭ باش قىسمى پارچىلىنىپ ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ، ئايروپىلاننىڭ گەۋدىسى ئاجراپ ئوت كېتىپ پارتلىغان، لى جيەنيىڭ ياش ھەم قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

ماتەم مۇراسىمى كۈنى، تۇرۇشلۇق جايدىكى نەچچە يۈز ئاما ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئۇنى ئۇزاتقان. ياڭجياتەي كەنتىدىكى بىر موماي ئۇنى سىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «ئۇ بىزنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان بولدى، ياخشى ئادەم ئىدى!» دېگەن.

لى جيەنيىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپداشلىرىنىڭ ئەسلىشىچە، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئۇچۇش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، لى جيەنيىڭ جابدۇقلارنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىجتىھات بىلەن بىرلىپ ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەيدەش ماھارىتىنى قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىپ، 5000 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇچۇش كەچۈرمىشىدە، مول ئۇچۇش تەجرىبىسىنى توپلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

لى جيەنيىڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ھاۋا ئارمىيەسى پارتىيە كومىتېتى ئۇنىڭغا «ھاۋا ئارمىيەسىدىكى تۆھپىكار ئۇچقۇچىلار ئالتۇن شەرەپ مېدالى»نى تولۇقلاپ بەرگەن، 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان. لى جيەنيىڭ يەنە «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 2007 - يىللىق شەخس» بولۇپ سايلانغان.

قەھرىماننىڭ ئىش ئىزلىرى كىشىنى ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، قىزىل گېن ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈلىدۇ. ئىنقىلابىي قۇربان لى جيەنيىڭ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان قىسىم قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش، ساداقەتمەنلىك پەزىلىتىنى تاۋلاشتا چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئەمەلىي جەڭ مەشىقىنى قاتتىق داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ئەمدىلا راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغان ئۇچقۇچى خۇاڭ زىپېڭ مۇنداق دېدى: «ئىنقىلابىي قۇربان لى جيەنيىڭنىڭ روھى بىزنى بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كامالەتكە يەتكەن ئۇچۇش ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، ۋەتىنىمىزنىڭ ئاسمىنىدا يىمىرىلمەس پولات سېپىل بەرپا قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداشقا مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)